تۈركىي دۇنياسى شېرىيىتىنىڭ بايرىمى



ئەلنى ئەلگە تونۇشتۇرۇشتا، خەلقنى يەنە بىر خەلققە تېپىشتۇرۇشتا ئەڭ چوڭ ئەلچى ئەدەبىيات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەدەبىي دوستلۇقنى- ئەدەبىي دوستلۇققا ئايلاندۇرۇشتا تالانتلىق ئەدىپلەرگە تەڭداشسىز كۈچ-قۇدرەت ئاتالغۇر. بۇنى ئوتكەن ژىلى تۈركىيەنىڭ كونيە ۋە بۇرسا شەھەرلىرىدە ئوتكەن تۈركىي دۇنيا شېرىيىتىنىڭ بىرىنچى فېستىۋالى دەلىللەپ بەردى. ئەشۇ فېستىۋالدا نۆۋەتتىكى ئىككىنچى فېستىۋالنى قازاقستاننىڭ پايتەختى ئالمۇتىدا ئوتكۇزۇشنى قارار قىلغان ئىدى.

15-سېنتەبىر كۈنى قازاقستاننىڭ پايتەختى ئالمۇتىدا-ئاباي نامىدىكى دولەت ئاكادېمىيەلىك ئوپېرا ۋە باليېت تىياترىدا تۈركىي دۇنياسى شېرىيىتىنىڭ ئىككىنچى فېستىۋالى تەنتەنىلىك ئېچىلدى. قازاقستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقى باشقارمىسىنىڭ بىرىنچى كاتىۋى قالداربېك نايمانبايېۋ مەزكۇر فېستىۋالنى ئېچىش نۇتقىدا مۇنۇلارنى ئالاھىدە تەكىتلىدى:

— ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىرىمىز ئاباي قونانبايېۋ تەۋەللۇدىنىڭ 150 ژىللىقىغا بېغىشلانغان تۈركىي ئەللىرى شېرىيىتىنىڭ مەزكۇر ئىككىنچى فېستىۋالنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى زور. ئۇ تۈركىي خەلقلەر شېرىيىتىنىڭ يونىلىشىنى بەلگۈلەپ، مەشھۇر ناماينەدىلىرىنى نامايىش قىلىش قاتارىدا، ئۇلۇق ئابايىنى، ئۇنىڭ كلاسسىك ئىجادىي مىراسىنى دۇنياغا تونۇشتۇرۇشتىن ئىبارەت. ئۇنداق بولغىنى ئابايىنى تونىغان دۇنيا قازاقنىڭ كەملىگىنى يېقىندىن بىلىدىغان بولىدۇ.

شېرىيەت بايرىمىنىڭ يەنە بىر مەخستى بۈگۈنكى كۈندە ناھايىتى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئەدەبىياتقا يۈرتنىڭ نەزىرىنى ئاغدۇرۇش، ئوچۇغىنى ئېيتقاندا ئەدەبىياتنى قوغداش، ئىختىسادىي بوھراندىن قوتۇلدۇرۇشتىن ئىبارەت. موشۇ پېتى كېتىۋەرسە، باي ئەدەبىي خەزىنىمىزدىن ئايرىلىپ قالىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەزكۇر شېرىيەت بايرىمىدا شېرىيەتنى بۈگۈنكى مۈشكۈل ھالدىن قوغداش ۋە قوللاشنىڭ يوللىرىنى تېپىشنى نىيەت قىلىۋاتىمىز.

تۈركىي خەلقلىرى ئەدەبىياتىدا ئەزەلدىنلا شېرىيەتنىڭ ئورنى بولەكچە. ئۇلۇق ئاباي «شېىر-سوزنىڭ پادىشاسى» دەپ بېكار ئېيتمىغان. كلاسسىكلىرىمىزنىڭ ھەممىسى دېگىدەك شائىرلار. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ موشۇ خەلق ئارالىق باش قوشۇش مەركىسىنى شېىرى ژانىرىغا بېغىشلىغىنىمىز تەسادىپى ئەمەس.

فېستىۋال قاتناشقۇچىلىرى قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پرېزىدېنتى نۇرسۇلتان نازاربايېۋنىڭ يوللىغان تەبرىك سوزىنى ئىللىق قارشى ئالدى. پرېزىدېنت ئوز تەبرىگىدە تەكىتلىگەن مونۇ سوزلەر شائىرلار قەلبىدە قالدى:

— شېرىيەتنىڭ كۈچى ھەممىمىزگە ياخشى مەلۇم. ئۇ ژۈرەكلەرى ھىس-تۇيغۇلارنى، ياخشى ئىنتىلىشلارنى ئويغىتىدۇ. تۈركىي تىلدا سوزلىشىدىغان خەلقلەر ئەسىرلەردىن بېرى ھەقىقىي شائىرلارغا چوڭ ھورمەت بىلەن مۇناسىۋەت قىلىپ كەلگەن. شەرىقتە ئۇلار دايىم چوڭ ئابرۇيلىققا ئىگە ئىدى. ئادەملەر سىلەرنىڭ سوزلىرىڭلارغا، سىلەرنىڭ يازغان ئەسەرلىرىڭلارغا قۇلاق سالىدۇ... ئالمۇتىدا ئوتۇۋاتقان فېستىۋال ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم نىشى-خەلقلەرنىڭ روھىي بايلىقىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ...

قازاقستان پرېزىدېنتىنىڭ ئۇقارقى تەبرىك سوزىنى قازاقستاننىڭ خەلق يازغۇچىسى ئەنىش كېكىلبايېۋ ئوقۇپ بەرگەندە چوڭ زالدا گۈلدۈراس ئالقىشلار ياڭرىدى.

فېستىۋالنىڭ باشلىنىشىدىلا قېرىنداش تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەنىۋى بىرلىشىشىنىڭ ياخشى ئەنئەنىلىرى ياققال كۆزگە كورۇنۇشكە باشلىدى. باشتىن-ئاخىر قازاقستاننىڭ دولەت تىلى-قېرىنداش قازاق تىلىدا ژۇرگۈزۈلگەن فېستىۋالدا تۈركىي تىلدا سوزلىشىدىغان باشقا قېرىنداشلارنىڭ چىن ژۈرەك سوزلىرىمۇ ئارىلىشىپ ياڭراپ تۇردى. تۈركىيە دېپلوماتىيەسىنى باشلاپ كەلگەن تۈركىيە يازارلار (يازغۇچىلار) بىرلىكىنىڭ رەئىسى ئەخمەد دوغاننىڭ سوزى ئالاھىدە دىققەت بىلەن تىڭشالدى. ئۇنىڭ مونۇ سوزلىرى كىشىلەرنىڭ يادىدا ئۇزاق ساقلىنىپ قالىدۇ:

— باللىقىمدىن كومۇش قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئوسكەنمەن. ھېلىمۇ يادىمدا، شۇ قوڭغۇراقنىڭ ژىراق-ژىراقتىن ئاڭلىنىشىدا بىر مۇڭلۇق ناخشا، بىر يېقىملىق شېىر، بىر دىلرابا ساز بار ئىدى. شۇ كومۇش قوڭغۇراقنىڭ ئۇنى بىزنى ئالمۇتىغا... ئاتا ماكانىغا چىللاپ چاقىردى. ئەجدادلىرىمىز تومۇزى، تىلى، تارىخى بىر ئەللەرنىڭ ئەدەبىلكىتە ئەغدىرمۇ، كېلەچىگىمۇ بىر بولماقتا. ۋاقىت شۇنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ قېرىنداش ئەللەرنىڭ يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسىدا تۈركىي يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنى قۇرۇش، پۈتكۈل تۈركىي ئەدەبىياتىنىڭ ئورتاق تىلى بىلەن ئاۋازى «تۈركستان» ژۇرنىلىنى چىقىرىش، شۇنداقلا «تۈركستان» نەشرىياتىنى ئېچىش بۈگۈنكى كۈننىڭ تەلۆۋى ۋە بىزنىڭ ئۇزاق بورچىمىزغا ئايلانماقتا. بىزنىڭ تىلىمىزمۇ، دىلىمىزمۇ، دىنىمىزمۇ، نىيىتىمىزمۇ ئورتاق. چىن دوستلۇقنىڭ ئاساسى بەلگىلىرىمۇ ئەنە شۇلار بولسا كېرەك.

شېرىيەت فېستىۋالىدا سوزگە چىققان شائىر غافۇ قايىربېكوۋ قازاق شېرىيىتىنىڭ باشقا تۈركىي خەلقلەر شېرىيىتى بىلەن بولغان يېقىن ئالاقىسى، ئەدەبىياتلار دوستلۇقىنىڭ خەلقلەر دوستلۇقىغا ئايلانغانلىغىنى ئۇرغۇتلىغان دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلاپ، ئوزىنىڭ تۈركىي تىللىق شائىرلارغا بېغىشلاپ يازغان شېىرلىرىدىن ئوزۈندىلەر ئوقۇپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەدەبىياتنى سىياسەتنىڭ قۇلى قىلىپ قويغان كوممۇنىستىك ئىمپېرىيە غۇلغاندىن كېيىن قولغا كەلگەن ئازاتلىق، تەڭلىك ۋە قېرىنداشلىق دوستلۇقنى كۈيلەيدىغان شېىرلار تۈرك، بولغار، نوغاي، قازاق تىللىرىدا ئوقۇلدى. شېرىيەت بايرىمى بولغاچقا،مىنبەرگە كوتۈرۈلگەن شائىرلار ئوزلىرى ياخشى كورگەن شېىرلىرىنى بەس-بەستە، ھاياجان ئىلكىدە ئوقۇشتى.

شۇ كۈنى مېھمانلار شەرىپىگە قازاقستان سەنئەت ماھىرلىرىنىڭ چوڭ كونسېرتى كورسىتىلدى.

* * *

16-سېنتەبىر كۈنى تۈركىي دۇنياسى شېرىيىتىنىڭ خەلق ئارا ئىككىنچى فېستىۋالى قازاقستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ كونفېرېنسىيە زالىدا مەسلىھەت مەجلىسىنى ئوتكۈزدى. يازغۇچى قالداربېك نايمانبايېۋ فېستىۋال قاتناشقۇچىلىرىغا مۇراجىئەت قىلىپ، كوپتىن بېرى كوڭۇلگە پۈككەن، ئەدەبىياتنىڭ بۈگۈنكى ۋە ئەتىسىگە باغلىق سالماقلىق ئوي-پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى، دەسلەپ سوزگە چىققان پروفېسسور ت. قارقىشېۋ تۈركىي خەلقلەر ئۈچۈن بىرلىك، ئىتتىپاقلىق سۇ بىلەن ھاۋادەك زۆرۈر ئىكەنلىكى ھەققىدە توختىلىپ، مۇستەقىللىك ۋە ئىختىسادىي گۈللىنىشىنىڭ داغدام يولىغا چىقىۋالغان تۈركىيەدىن ئۈگىنىشنىڭ لازىملىقىنى تەكىتلىدى. «گەرچە بىزنى ئاتا ئورنىدا كورسىمۇ، بىز تۈرك قېرىنداشلىرىمىزنى ئاغا ئورنىدا كورۇشىمىز كېرەك، شۇنداقلا تۈرك دوستلىرىمىز قوللىنىۋاتقان لاتىن ئېلىپبەسىگە كوچۇشنى ئويلاشتۇرىدىغان ۋاقىت كەلدى»- دېدى.

فېستىۋالنىڭ مەسلىھەت مەجلىسىدە مىنبەرگە چىققان قازاقستان خەلق يازغۇچىسى، خەلق ئارا «زامان-قازاقستان» گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى، «قازاقستان-تۈركىيە» جەمىيىتىنىڭ رەئىسى قالتاي مۇخامېتژانوۋ مۇنداق دېدى:

—سىياسەت ھاۋا رايىغا ئوخشاش ئەرسە-ئوزگىرىپ تۇرىدۇ، ئامما تىلىمىزنى، دىنىمىزنى، دىلىمىزنى قانچە ژىللار ئوتسىمۇ ھوكۈمەتلەر ئوزگەرتەلمەيدۇ، بىر دەرەقنىڭ قىرىق پۇتىقىدەك تۈركىي خەلقلىرىنىڭ تىلى ئوزگەرمىگەن بىلەن زامان زورى بىلەن ئارىسى ژىراقلاپ، ئالاقىسى ئوزگىرىپ قالغىنى ھەقىقەت. بۇنىڭغا خەلق ئەيىپلىك ئەمەس. كوممۇنىستىك ئىمپېرىيەنىڭ غۇلىشى بىلەن قولغا كەلگەن ئازاتلىق، مۇستەقىللىك شارائىتىدىن بىز-قېرىنداش تۈركىي خەلقلەر ياڭلىۋاشتىن تېپىشتۇق. تىلىمىزنىڭ تومۇرى بىر بولغانلىقى ئۈچۈن تۈركىيەدە ئايلىق ئەدەبىي مەجمۇئە چىقىرىش تۈركىي دۇنياسى ئەدەبىياتىنىڭ تەقەززاسىدۇر. فېستىۋالنىڭ مەسلىھەت مەجلىسىدە شۇنى ئالاھىدە تەكىتلىگۈم كېلىدۇكى، فېستىۋالنىڭ لائۇرېاتى نامىنى بېرىش مەسىلىسىدە فېستىۋال قەيەردە ئوتسە، شۇ يەرنىڭ ئاتاقلىق شائىر-يازغۇچىلىرىنىڭ نامىدا مۇكاپات تەسىس قىلىش ئەقىلگە مۇۋاپىق. بۇلتۇر تۈركىيەدە ئېچىلغان بىرىنچى فېستىۋالدا تالانتلىق شائىرىمىز تۇمانباي مولداغالىيېۋ فوزۇلى نامىدىكى خەلق ئارا مۇكاپاتقا سازاۋەر بولۇپ، ھەممىمىزنى خوشال قىلغان ئىدى. ھازىر ئوتۇۋاتقان مەزكۇر ئىككىنچى فېستىۋالدا ئاباي، ماغژان ۋە جامبۇل نامىدا مۇكاپاتلار تەسىس قىلىنسا، قاداق ياخشى بولار ئىدى، بۇ تەكلىپنى موشۇ زالدا ئولتارغانلار ئويلىشىپ كورسە.

پرېزىدېنتىمىز نۇرسۇلتان نازاربايېۋ ئانقارىدا سۇلايمان دېمىرېل بىلەن ئۇچراشقاندا ئۇزاق سوھبەتلەشكەن ئىدى. شۇلارنىڭ بىر كېپى ھازىرمۇ قۇلىقىمدا. سوھبەت ئارا ن. نازاربايېۋنىڭ «تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تارىخى تەغدىرى بىر-بىرىگە تۇتاش، ئەدەبىياتىمۇ تومۇرداش. شۇلارنى پلانلىق تەتقىق قىلىدىغان، ئىتتىپاققا ئۇيۇتقا بولىدىغان مەركىزىي ئىلمىي تەتقىقات ئىنستىتۇتى ئېچىش كېرەك. ئۇنى ئالمۇتىدا ئېچىشنى قوللاپ، قول سۇنۇش ئۇيۇگىز بولسا، مەن ئۇنىڭغا تەييار. ئالمۇتىدا ئېچىش كېرەك دېيىشىمدىكى سەۋەپ قورقىتنىڭ، جالالىدىن رۇمىنىڭ، يۇنۇس ئەمرىنىڭ ئۇستازى خوجا ئەخمەت يەسسەۋىنىڭ مازارى قازاق تۇپرىقىدا...» دېگىنىگە گۇۋاھ بولغان ئىدىم. ئۇ تەشەببۇسنى تۈركىيە پرېزىدېنتىمۇ چىن ئىخلاس بىلەن قوللىغان ئىدى. مەزكۇر فېستىۋالدا پرېزىدېنتلىرىمىز قوللىغان تۈركىي دۇنياسى ئەدەبىياتىغا تەن بولغان موشۇ مەسىلىنىمۇ پۇختا ئويلاشتۇرۇپ، بىر قارار ئېلىشىمىز كېرەك.

شېرىيەت فېستىۋالى بولغاچقا مەسلىھەت مەجلىسىدىمۇ شائىرلار ئۈزۈلمەي مىنبەرگە كوتىرىلىپ تۇردى. زالدا ئولتارغانلار سېرىك تۇرغۇنبېك، كۈلەش ئەخمېتوۋا، تۇرسۇناي ئورازبايېۋا، ساۋۇت مەمەتقۇلي ئوقۇغان شېىرلارنى ئىللىق قارشى ئالدى. بولۇپمۇ تالانتلىق قازاق شائىرەسى كۈلەشنىڭ شېىرىدىكى چوڭقۇر مەنا، لىرىك سېزىم كىشىلەر قەلبىنى چولغاپ ئالسا، ئۇيغۇر شائىرى ساۋۇتجاننىڭ شېىرىدىكى ئانا ۋەتەن-شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۈگۈنكى ھاياتىدىكى قانلىق ۋە قانسىز پاجىەلەر توغرىلىق تېپىپ ئېيتقان پىكىرلەر تىڭشىغۇچىلارنى ئىختىيارسىز تەۋرەندۇردى.

ئىختىسادىي بوھران كىشىلەرنى شەخسى تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىگە سېلىپ قويغان ئوكۈنچى بىر دەۋردە خەلق ئارا شېرىيەت فېستىۋالىنىڭ ئوتۇشى ئەدىپلەرنىڭ روھىنى كوتىرىپ، ئىلھامىغا قانات پۈتتى. ماددىي ئاچارچىلىقتىن مەنىۋىي ئاچارچىلىقنى يوقتىشنى زورۇر دەپ بىلگەن ھەقىقىي شائىر-يازغۇچىلارنىڭ قايتىدىن قولغا قەلەم ئېلىشىغا موشۇ فېستىۋال تۈرتكە بولدى.

ئا. قۇتلۇق،

مەخسۇس مۇخبىرىمىز.

سۈرەتلەردە: شېرىيەت فېستىۋالىدىن كورۈنۈشلەر.
ر.يۇسۇپوۋ ۋە ر. دۇيسېنغالىيېۋنىڭ سۈرەتلىرى.